# «مۇقىملىق» خاراكتېرى گەۋدىلىك نامايان بولدى «ئىلگىرىلەش» بوشلۇقى كېڭەيدى

## —— جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئاساسىي تەرەپتىن نەزەر

### جۇڭگو ئىقتىسادىدىكى يارقىن نۇقتىلارغا نەزەر

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى يۈ جياشىن، چېن ۋېيۋېي، ۋاڭ يۈشياۋ

ئىستېمال دەرىجىسى ئۆسۈش يۈزلىنىشى روشەن بولدى، سېلىنمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مۇقىملىشىپ قايتا ئۆرلىدى، ئېكسپورتتا داۋاملىق ئېشىش ساقلاندى...

بۇ يىلدىن بۇيان، مەيلى ماكرو سىياسەتنى تەڭشەش ـ تىزگىنلەش بوشلۇقىدىن قارىغاندا ياكى مىكرو كارخانىلارنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا بولسۇن؛ مەيلى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمىدىن قارىغاندا ياكى ئېلان قىلىنغان ئىقتىسادىي سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا بولسۇن، بازار ئېھتىياجى غايەت زور، تەرەققىيات ئېلاستىكلىقى تېخمۇ يېتەرلىك بولۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ «مۇقىملىق» خاراكتېرى تېخمۇ گەۋدىلىك نامايان بولدى، كەلگۈسى تەرەققىيات بوشلۇقى جەزمەن تېخمۇ كەڭ بولىدۇ.

### «ئۈچ ئاتلىق ھارۋا» تەڭ كۈچىدى، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشىدە ياخشى ھالەت ساقلاندى

يېقىنقى مەزگىلدە بىر قاتار ئىستېمال سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر ئۈمىدكە تولدى ——

ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن «1 ـ ماي»لىق قىسقا دەم ئېلىشتا، دۆلەت ئىچى ساياھەتچىلىكىدە كۈتۈۋېلىنغان ئومۇمىي ئادەم سانى 195 مىليون ئادەم قېتىم بولۇپ، سېلىشتۇرما ئۆلچەم بويىچە 13.7% ئاشتى؛

بىرىنچى پەسىلدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە توردا پارچە سېتىش سوممىسى 2 تىرىليون 240 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15.3% ئاشتى؛ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش ئىمپورت سوممىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40% ئاشتى؛

بىرىنچى پەسىلدە، يېمەك ـ ئىچمەك كىرىمى 1 تىرىليون يۈەندىن ئېشىپ، 9.6% كۆپەيدى...

ئىستېمال يارقىن نۇقتىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆرۈلۈپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم يۈرۈشۈشىنىڭ «مۇقىملاشتۇرغۇچى»سىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. بىرىنچى پەسىلدە، ئاخىرقى ئىستېمال چىقىمىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 65.1%كە يېتىپ، ئاساس خاراكتېرلىك رولى تېخمۇ مۇستەھكەملەندى.

ئىستېمال ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇردى، سېلىنما، ئېكسپورتتىن ئىبارەت «ئىككى ئاتلىق ھارۋا»مۇ كۈچەيمەكتە ——

بىرىنچى پەسىلدە، ئېلىمىزنىڭ مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مۇقىم قايتا ئۆرلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.3% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇر پۈتۈن يىلدىكىدىن 0.4% پوئېنت ئۆرلىدى، «سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇش» ئۈنۈمى تېخمۇ نامايان بولدى.

ئالدىنقى تۆت ئايدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 5 تىرىليون 60 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.7% ئاشتى. سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى گاۋ فېڭ مۇنداق دېدى: گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ ئېكسپورتى بەلگىلىك تۆۋەنلەش بېسىمىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاشقى سودىنىڭ ئومۇمەن مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەيدىغان تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇۋاتقان «ئۈچ ئاتلىق ھارۋا» ئورتاق كۈچەپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ 2019 ـ يىلى ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشتى.

بىرىنچى پەسىلدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ «نەتىجە قەغىزى» «مۇقىملىق» خاراكتېرىنى گەۋدىلىك نامايان قىلدى: ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.4% ئېشىپ، بۇلتۇر تۆتىنچى پەسىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بولۇپمۇ 3 ـ ئايدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر كۆرۈنەرلىك قايتا ئۆرلەپ، بازار كۆزلىمىسىدىن ياخشى بولدى.

جۇڭگو خەلق داشۆسى ئىقتىساد شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن شۆبە باشلىقى ۋاڭ جىنبىن مۇنداق دېدى: تاشقى مۇھىت كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان، ئىقتىساد تۆۋەنلەش بېسىمىغا دۇچ كېلىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگو ئىقتىسادىدا بۇنداق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاسان ئەمەس. ئەمەلىيەت «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» سىياسىتىنىڭ جۇڭگو ماكرو ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم يۈرۈشۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولغانلىقىنى، نۇرغۇن خەلقئارا ئاپپاراتلارنىڭمۇ جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئىستىقبالىغا ئۈمىدۋار قاراۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى(IMF)يەرشارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش كۆزلىمىسىنى تۆۋەنلەتكەنلىكىنى جاكارلىغان ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگو بۇ يىللىق ئېشىش كۆزلىمىسىنى ئۆستۈرگەن بىردىنبىر ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ قالدى. IMFنىڭ لىدېرى لاگارد باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «دۇنيا جۇڭگوغا موھتاج، پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى جۇڭگونىڭ سىجىل تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ».

«گەرچە بىرىنچى پەسىلدە ئىقتىسادىي كۆلەمنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزلىنىشى پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي يۈزلىنىشىنىڭ يۆنىلىش كۆرسەتكۈچى. بىرىنچى پەسىلدە ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم باشلىنىشى پۈتۈن يىللىق يۈزلىنىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى، بىزنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات كۆزلىمە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىشەنچىمىز، شارائىتىمىز، ئىقتىدارىمىز تولۇق» دېدى دۆلەت تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى يۈەن دا.

### تەمىنات تەرەپلىك ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش «يېڭى قىياپەتكە كىردى»

«تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇش، تەڭشەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى» دېدى دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى ماۋ شېڭيۇڭ. بۇ ئىككى كۈندە، شاڭخەيدە «جۇڭگو سۈپەتلىك ماركا كۈنى» يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى، كارخانىلار يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق سۈپەتلىك ماركا يارىتىش، سۈپەتلىك ماركا ئارقىلىق بازار ئېچىشتىكى جانلىق ھېكايىلىرىنى نامايان قىلدى.

بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان چۇاڭۋېي گۇرۇھىنىڭ بۇلتۇر چەت ئەل بازىرىدىكى تىجارەت سوممىسى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 60.7% ئاشقان. چۇاڭۋېي سۈپەتلىك ماركا بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى جاۋ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ دەل كارخانىمىزنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىشتا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا سۈپەتلىك ماركا ياراتقانلىقىدىن بولدى. كەلگۈسىدە بىز داۋاملىق بۇ يولنى بويلاپ ماڭىمىز».

مەھسۇلات ئىقتىسادىدىن سۈپەتلىك ماركا ئىقتىسادىغىچە، سۈپەتلىك، باھاسى ئەرزان بولۇشتىن قىممەت زەنجىرى يۇقىرى ئۇچىغىچە، كارخانىلار سۈپەتلىك ماركىنى «قۇچاقلاپ»، ئىستېمال دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەمىنات دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتەك قوش ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلدى.

«تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك، ساغلام بولۇشىدىكى مۇھىم يول، بۇ، مەھسۇلات ۋە كارخانا رىقابەت كۈچىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆسۈشىنى ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى جۇڭگو خەلق داشۆسى دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىستراتېگىيە تەتقىقات شۆبىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ شياۋسۇڭ.

جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ «سۈپەت» جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى بارغانسېرى ئېنىق بولماقتا ——

ياسىمچىلىق سېلىنمىسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بىرىنچى پەسىلدە، يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمچىلىق سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.4% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بارلىق سېلىنمىنىڭكىدىن 5.1% پوئېنت تېز بولدى؛ يۇقىرى تېخنىكىلىق مۇلازىمەت كەسپى سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 19.3% ئېشىپ، بارلىق سېلىنمىنىڭكىدىن 13% پوئېنت تېز بولدى؛

ئېكسپورتتا يۇقىرى تېخنىكا مىقدارى گەۋدىلىك بولدى. ئالدىنقى تۆت ئايدا، دۆلىتىمىزنىڭ ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 2 تىرىليون 970 مىليارد يۈەن بولۇپ، 4.5% ئاشتى؛ بىرىنچى پەسىلدە گۈللەنمە مۇلازىمەتنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 458 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.6% ئېشىپ، ئومۇمىي ئېشىش سۈرئىتىدىن 10% پوئېنت يۇقىرى بولدى؛

ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. بىرىنچى پەسىلدە، مۇلازىمەت ئىستېمالىنىڭ ئاخىرقى ئىستېمالدا ئىگىلىگەن سالمىقى 47.7% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.4% پوئېنت ئېشىپ، ئىستېمالنىڭ «يېرىم زېمىن»نى دېگۈدەك ئىگىلىدى...

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن كەلدى. بۇ يىل بىرىنچى پەسىلدە، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر، ئىستراتېگىيەلىك گۈللەنمە كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆلەملەشكەن سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئېشىش سۈرئىتىدىن داۋاملىق يۇقىرى بولدى. ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيەنىڭ بەزى تاراتقۇلىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش جۇڭگو ئىقتىسادىغا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلىنىپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ «ئېشىش ھېكايىسى»نى كىشىلەرنى تېخمۇ جەلپ قىلىدىغان قىلدى.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يەنە ھاياتىي كۈچنى قويۇپ بېرىشتىن كەلدى. بىرىنچى پەسىلدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۈنىگە 16 مىڭ 500 كارخانا يېڭىدىن تىزىملىتىپ قۇرۇلدى، مەملىكەت بويىچە يېڭىدىن 341 مىليارد 100 مىليون يۈەن باج كېمەيتىلدى، «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى، بازار ئىجازىتى سىجىل قويۇۋېتىلدى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش زورايتىلدى، ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيلەشتى، چوڭقۇرلاشتى.

### ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى بېجىردى، تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقنى ئاچتى

پىكىر يولىنى ئېچىش دەل بىر پارچە يېڭى بوشلۇق ئېچىشتۇر.

تەنھەرىكەت راھەت ئاياغلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا دىققىتىنى ئاغدۇرغان فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى خۇئائاڭ تەنھەرىكەت بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى بىر تىپىك تاشقى سودا كارخانىسى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئېكسپورتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى 30%تىن 40%كىچە ئارىلىقتا ساقلىدى، نۆۋەتتىكى تاشقى مۇھىتنىڭ كەسكىنلىكى بۇ كارخانىنى نەزەرىنى دۆلەت ئىچىگە قارىتىدىغان قىلدى.

«بىز دۆلەت ئىچى بازىرىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى كۆرۈپ يەتتۇق، بۇ بازارنى كېڭەيتىش بىزنىڭ تىرىشىش يۆنىلىشىمىز.» شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى دىڭ پېيخۇاڭ مۇنداق دېدى: شىركىتىمىزنىڭ بۇ يىللاردا كۈچەپ ئۆز ئالدىغا سۈپەتلىك ماركا يارىتىشى ھەم پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىگە ئۇزارتىشى دەل بۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈلگەن تەييارلىق.

1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن نوپۇسنى قاپلىغان چوڭ بازار، 400 مىليوندىن ئاشىدىغان ئوتتۇرا كىرىمدىكى توپنىڭ سېتىۋېلىش ئىقتىدارى... بۇنداق غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ مۇقەررەر جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشەنچىگە ئايلىنىدۇ.

بۇنداق يوشۇرۇن كۈچنى دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلار كۆرۈپ يېتىپلا قالماي، ئۇ يەنە دۆلەت سىرتىدىكى كارخانىلارنى جەلپ قىلىدىغان «ماگنىت»قا ئايلاندى. ۋاررېن باففېت ئېنىق قىلىپ مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو چوڭ بازار، «بىز چوڭ بازارنى ياقتۇرىمىز». ئۇ يەنە مۇنداق بىلدۈردى: كەلگۈسى 15 يىلدا، شىركىتىمىز جۇڭگو بازىرىدا تېخمۇ كەڭ كۆلەملىك مەبلەغ سېلىشى مۇمكىن.

نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى كۆزلىگەندە، ئاندىن يېڭى كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى تاپقىلى بولىدۇ.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى تۆت ئېيىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى، كورېيە، رۇسىيە قاتارلىقلارغا بولغان ئېكسپورتى ئايرىم ـ ئايرىم 14.2%، 13.4%، 7.7% ۋە 9.1% ئاشتى، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورتقا تۈرتكە بولۇش رولى كۆرۈنەرلىك بولدى. «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىنى كۆزلەپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تېخمۇ كۆپ مەنبەلەششكە ئۆزگەرمەكتە.

سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، نەرسە تورى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرى، شەھەرلەر ئارا قاتناش، ئەشيا ئوبوروتى، شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەسى، ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەسى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئېكولوگىيەنى قوغداش... دەل جايىدا ۋە ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىش پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ ياخشى ئايلىنىشىنى شەكىللەندۈردى.

سىياسەتنىڭ ئۈنۈمى جۇڭگو ئىقتىسادىدا كۆمۈلۈپ ياتقان يوشۇرۇن كۈچنى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بەرمەكتە ——

يېڭى شەخسىي تاپاۋەت بېجى قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، قوشۇلما قىممەت بېجى باج نىسبىتىنىڭ يەنىمۇ تۆۋەنلىتىلىشى، ئىجتىمائىي كاپالەت ھەققى نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى، 24 ماددىلىق ئىستېمالنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىستېمالنى كېڭەيتىش سىياسىتى «سوۋغات بوغچىسى»نىڭ چىقىرىلىشى... بىر قاتار سىياسەتلەر ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ قويۇپ بەردى؛

سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتىدە كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، مۇھىم، زور تۈر زاپىسىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي كاپىتالنى، بولۇپمۇ ئەلئارا كاپىتالنى قوزغىتىش... بىر قاتار ئەمەلىي تەدبىرلەر مەبلەغ سېلىپ كارخانىلارنى مۇقىملاشتۇرۇشنى كۈچلۈك تايانچ بىلەن تەمىنلىدى؛ تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ گۈللەنمە بازارنى ئېچىشقا ئىلھام بېرىلىپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق، يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورتى كېڭەيتىلىپ، سودا يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىلدى... تاشقى سودىنى زورايتىش ۋە كۈچەيتىشكە ساناقلىقلا كۈن قالدى.

«جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىيات ياخشى ۋەزىيىتىنى ساقلىشى ئۆزگەرمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئەستايىدىل، ياخشى قىلىش» دېدى جۇڭگو خەلقئارا ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش مەركىزىنىڭ باش تەتقىقاتچىسى جاڭ يەنشېڭ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

## سۈرەتلىك ھېكايە

### خەلقئارا سېستىرالار بايرىمىغا كۆڭۈل بۆلەيلى

# ئۇنتۇلغۇسىز سېستىرالار بايرىمى

□مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى، خەۋىرى

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خەلقئارا سېستىرالار بايرىمى، شۇ كۈنى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا تاشقى كېسەللىكلەر كېسەلخانا بۆلۈمىنىڭ سېستىرالار ئىشخانىسىدىن كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «مەن يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن پېنسىيەگە چىقىمەن، بۇ مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمدا ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى سېستىرالار بايرىمىم بولغاچقا، مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئۇنتۇلغۇسىز ھېسابلىنىدۇ» دېدى بۇ دوختۇرخانا تاشقى كېسەللىكلەر سېستىمىسى بۆلۈمىنىڭ سېستىرالار باشلىقى ۋاڭ لىيىڭ خىزمەتداشلىرى سوۋغا قىلغان گۈلنى ئېلىپ خۇشال ھالدا.

1980 ـ يىلى، ۋاڭ لىيىڭ شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا سېستىرالار مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، بۇ دوختۇرخانىنىڭ كۆيۈك بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنىپ سېسترا بولدى. «پەرۋىش قىلىش ئورنىدا ئىشلەۋاتقىنىمغا 40 يىل بولاي دېدى، ھازىر ئىچكى كېسەللەر تېببىي بۆلۈمى، جىگەر ـ ئۆت كېسەللىرى بۆلۈمى قاتارلىق 16 بۆلۈم ـ ئىشخانىنىڭ پەرۋىش قىلىشنى باشقۇرۇش، بىخەتەرلىك، تەربىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇۋاتىمەن » دېدى ۋاڭ لىيىڭ.

سېستىرالىقتىن ئىبارەت بۇ خىزمەت بىر قەدەر ئالاھىدە بولۇپ، خىزمەتكە ئەتىگەن بېرىپ كەچ قايتىدۇ، دائىم يەنە دېجۇرنىلىق قىلىدۇ. «مېنىڭ بىر كۈندە ئون سائەتتىن ئارتۇق خىزمەت قىلىشىم بىر قەدەر نورمال ئىش، ئىشقا ئەتىگەن بېرىپ كەچ قايتقاچقا، ئاپتاپتىن ساقلىنىش مېيىمۇ مەن ئۈچۈن ھاجەتسىز بولۇپ قالدى.» ۋاڭ لىيىڭ كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دېدى: سېستىرالارنىڭ خىزمىتى چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلمايدۇ، ئازراقمۇ بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ، ئاغرىقلار داۋالاش ـ پەرۋىش قىلىش خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ «رەھمەت» دېگەن بىر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاش داۋالاش ـ پەرۋىش قىلىش خادىملىرى ئەڭ خۇشال بولىدىغان ئىش.

«پېنسىيەگە چىقىشتىن بۇرۇن، مەن يەنە ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىش ئورنۇمدا ئاخىرغىچە ياخشى تۇرىمەن» دېدى ۋاڭ لىيىڭ.

مۇخبىر بۇ ئالاھىدە كۈندە، ئائىلىسىدىكىلەرگە دەيدىغان سۆزىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىغاندا، ۋاڭ لىيىڭ ناھايىتى تەسىرلىنىپ مۇنداق دېدى: «خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن، شۇنچە يىللاردىن بۇيان مەن بىر خوتۇنلۇق ۋە ئانىلىق مەسئۇلىيىتىمنى ياخشى ئادا قىلالمىدىم، مەن ئۇلارغا ‹مېنى كەچۈرۈڭلار› دېمەكچى. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، تېخمۇ كۆپ ۋاقتىمنى ئائىلەمدىكىلەرگە بېرىپ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، ئائىلە شادلىقىدىن بەھرىمەن بولىمەن».

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دوختۇرنىڭ داۋالىشىغا ياردەملىشىپ، ئاغرىقلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇش. خىزمەت ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، سېستىرالار كۆپ قىسىم ۋاقىتتا ئاغرىقلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق پەرۋىش ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ھازىرقى زامان پەرۋىش مائارىپىنىڭ ئۇل سالغۇچىسى فلورېنس نايتىنگېلنىڭ سېستىرالار توغرىسىدىكى قەسىمىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتمەكتە.



5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، خىزمەتداشلىرى ۋاڭ لىيىڭ(ئالدىنقى رەت سولدىن 2 ـ كىشى)غا بەخت تىلىمەكتە.



5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ۋاڭ لىيىڭ(ئوڭدا) ئاغرىقتىن سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئەھۋالىنى سورىماقتا.



5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ۋاڭ لىيىڭ(ئوڭدىن 2 ـ كىشى) سېستىرالارغا شۇ كۈنلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: تۆت بەتلىك 0.5 يۈەن، سەككىز بەتلىك بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)